ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# چىن مېھرى - مۇھەببىتىنى بېغىشلاش ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

## ـــ بورتالا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، بورتالا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ چىندىبل بازىرى ئامبىناباگ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى جاڭ تاۋ توغرىسىدا خاتىرە

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ گېزىتىمىزنىڭ بورتالا ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ شىياۋمىن

«بۇ بىرقانچە يىلدا، كەنت قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىمۇ ئۆستى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيەنىڭ ياخشى كادىرلىرىغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك.» 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، مۇخبىر بورتالا شەھرىنىڭ چىندىبل بازىرى ئامبىناباگ كەنتىدە زىيارەتتە بولغاندا، كەنت ئاھالىلىرى كېلىشىۋالغاندەكلا بورتالا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئامبىناباگ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى جاڭ تاۋنى تىلغا ئالدى.

2017 - يىلى كەنتتە تۇرغاندىن بۇيان، جاڭ تاۋ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قوشۇنى يېتەكلەش، قاراشنى ئۆزگەرتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇش، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى كەنت قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىغا ئاتلىنىشىغا ياردەم بەردى.

پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۇلىنى پۇختىلاش

مۇستەھكەم قورغان بەرپا قىلىش

«2018 - يىلى مەن پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندۇم، بۇ يىل پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى قىلىپ بېكىتىلدىم، مەن ياخشى تىرىشىپ، بالدۇرراق بىر شەرەپلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرىمەن» دېدى كەنت ئاھالىسى ھەمراجان ئابلىز ھاياجانلانغان ھالدا.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىشى تەس، كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى ئاجىز، بۇنىڭدىكى سەۋەب، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رولىنىڭ جايىدا جارى قىلدۇرۇلمىغانلىقىدا.» جاڭ تاۋ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: كەنتتە تۇرغاندىن باشلاپ، خىزمەت ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى خىزمەتتە باش ئورۇنغا قويدى.

جاڭ تاۋ كەنت پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئەمەلىي تۇتۇپ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىن قول سېلىپ، كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى بىلەن ئورتاق تەتقىق قىلىپ، يوقلىما، ئۆگىنىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى.

جاڭ تاۋ مۇنداق دېدى: «بىر تەرەپتىن خىزمەت ئەترىتى كەنت كادىرلىرىغا ياردەم بېرىپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن دېھقان - چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاش رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۇ يىل بىز ئۈچ نەپەر پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپىنى تەربىيەلىدۇق».

كەنت كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، جاڭ تاۋ خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ AB ئىش ئورنىغا ياردەم بېرىش، يېتەكلەش پىلانىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈك كېلىدىغان، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت لايىھەسى تۈزۈپ، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن كەنت كادىرلىرىنى «بىرگە بىر» ياردەم بېرىش، يېتەكلەش بويىچە قوشماقلاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى بىرلىكتە ئۆگىنىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستىدە بىرلىكتە ئويلىنىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرلىكتە تۇتۇپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش، ياخشى ئىش قىلىش جەريانىدا كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

تەرەققىيات پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى توغرا تېپىش

«جاڭ شۇجى، مەن بۇ ئايدا كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدىن 4100 يۈەن مائاش ئېلىپ، بەك خۇش بولدۇم» دېدى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەندە كەنت ئاھالىسى كامىنە تاشمەمەت جاڭ تاۋغا. ئىلگىرى، كامىنەنىڭ خىزمىتى يوق بولۇپ، تۇرمۇشتا تۆۋەن كاپالەتكە تايىناتتى. جاڭ تاۋنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن، كامىنە ئۆيدىن چىقىپ ئىككى قولىغا تايىنىپ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

جاڭ تاۋ ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش جەريانىدا، كەنتتە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەرنىڭ ئاران 3.5 مو ئىكەنلىكىنى، يەر ئاز، ئادەم كۆپ بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش قەدىمىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ كۆڭلىدە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم چارە تاپىمەن، دەپ ئىرادە باغلىدى.

جاڭ تاۋ مۇنداق دېدى: «بىز دۆشەنبە كۈنىدىكى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىگە پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى تىپلارنى پائال تەشۋىق قىلدۇق، بېيىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىقلارغا تەشكىللەپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئاممىنىڭ بېيىش يوللىرىنى كېڭەيتتۇق».

خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، كەنت ئاھالىسى گۈلنىسا لاچىن بۇ يىل بورتالا شەھرىنىڭ «ئەڭ گۈزەل بورتالالىق»نى باھالاش پائالىيىتىدە، شەرەپ بىلەن «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بايراقدار» دېگەن نامغا ئېرىشتى. «ئائىلىمىزنىڭ يەتتە مو تېرىلغۇ يېرىنى ئوبوروت قىلغاندىن كېيىن، ھەر مو يەردىن يىلىغا 645 يۈەن كىرىم قىلدۇق. مەن سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ ئېيىغا 3000 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىمەن، كەپتەر بېقىشتىن يىلىغا 50 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىمىز، 2018 - يىلى ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى» دېدى گۈلنىسا.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى بىلەن، ئامبىناباگ كەنتىدىن 300دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى، كەنتتە يەنە بازار قۇرۇلدى، كەنت ئاھالىلىرى پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنى، ساتىراشخانا، راۋېرخانا، تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، كۆپ مەنبەدىن كىرىمنى ئاشۇردى.

ھەرقايسى مىللەتلەر بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىش

كۆڭۈللەرنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈش

«تاغا، ئوغلىڭىز قانداقراق؟» «ياخشى بولۇپ قالدى، رەھمەت سىزگە، خىزمەت ئەترىتىگە رەھمەت، يۇرتداشلارنىڭ بىزگە قىلغان ياردىمىگە رەھمەت.» 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جاڭ تاۋ ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەنت ئاھالىسى ئۇرىلباينىڭ ئۆيىگە كەلدى.

2018 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇرىلباينىڭ ئوغلى ئېغىر يارىلىنىپ ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلگەن، جاڭ تاۋ بىر تەرەپتىن دوختۇرخانىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشنى ماسلاشتۇردى ھەم ئوپېراتسىيە ھەققىنى توپلاشقا ياردەملەشتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرىلباينىڭ ئوغلىغا قان بېرىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوپېراتسىيەنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇرىلباي مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشتىن نىمىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندىم، مەن ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغان چاغلاردا، ئەترابىمدىكى ھەر مىللەت تۇغقانلىرىم ماڭا ياردەم قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، مەنمۇ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە، ياردەمگە موھتاج تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم قىلىمەن».

جاڭ تاۋ مۇنداق دېدى: «بىز كەنت كادىرلىرى بىلەن دائىم پارتىيە ياچېيكىسىنى بىرلىك قىلىپ ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، تەلىپىنى ھەل قىلدۇق، بۇنداق بولغاندا، شەخسنىڭ كۈچى يېتەرلىك بولماسلىقنى تولۇقلاپلا قالماي، يەنە جانلىق ھەرىكەتچان خىزمەت مېخانىزمىنمۇ شەكىللەندۈرگىلى بولىدىكەن».

بۇ گۈنكى كۈندە، بورتالا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى 326 خەلق ساقچىسىنىڭ ھەربىرى بىردىن ئىككىگىچە كەنت ئاھالىسى بىلەن تۇغقانلاشتى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون نەچچە قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 300 قېتىمدىن ئارتۇق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى، 1000دىن ئارتۇق ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى.

# مەنزىرە گۈزەل، ئادەم گۈزەل، ئىككىسى خوپمۇ ماسلاشقان

(بېشى 1 - بەتتە)

ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكىدە، شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئادەملىرىنىڭ گۈزەللىكى بىر - بىرىنى تولۇقلىغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ: مەنزىرە گۈزەللىكى جەھەتتە، ھەم ئىنتايىن گۈزەل تەبىئي مەنزىرە، مەسىلەن ھەيۋەتلىك، ئاجايىپ ئېگىز تاغلار، ئويمانلىقلار، ئىپتىدائىي سىرلىق چۆل - باياۋانلار بار؛ ھەم قويۇق ئادىمىيەت مەنزىرىسى، مەسىلەن ئۇزاق يىللىق مول يىپەك يولى مەدەنىيىتى، قويۇق ۋە رەڭدار مىللىي ئۆرپ - ئادەت بار. ئادەم گۈزەللىكى جەھەتتە، قىزغىنلىق، مېھماندوستلۇق، ساددىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك شىنجاڭلىقلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، باشقىلار ئويلىغاننى ئويلاش، باشقىلار ئالدىرىغانغا ئالدىراش شىنجاڭلىقلارنىڭ مېھمان كۈتۈش پەزىلىتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەنزىرە گۈزەل، ئادەم گۈزەل بولۇش شىنجاڭنىڭ ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، يارقىن ۋۇجۇسكىسى، غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى.

مەنزىرە گۈزەللىكى بىلەن ئادەم گۈزەللىكى ئۆزئارا ماسلاشقاندىلا ساياھەت تەرەققىياتى ئاندىن تېخىمۇ ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ، تېخىمۇ ھەردەكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە بولىدۇ، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولىدۇ. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا، شىنجاڭ ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ئەۋزەللىكىنى ياخشى قېزىپ، ياخشى بىرىكتۈرۈپ، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغاندا، ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونىغا ئۆزگىرىشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى ـــ جياۋ يۈلۇ

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى شاۋ لۈۋېن، لى يانەن، چۇ خاڭ

جياۋ يۈلۇ بۇ دۇنيادا قىسقىغىنا 42 يىللا ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنى تەسىرلەندۈردى.

ھەر يىلى جياۋ يۈلۇ ۋاپات بولغان خاتىرە كۈنىدە ۋە چىڭمىڭ كۈنىدە، خېنەن لەنكاۋغا جايلاشقان جياۋ يۈلۇ قەبرىستانلىقى ۋە شەندۇڭ بوشەنگە جايلاشقان جياۋ يۈلۇ خاتىرە سارىيىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن كەلگەن كىشىلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بۇ ياخشى چاكارغا تەزىيە بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ياد ئېتىدۇ.

بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، خېنەن ئۆلكىلىك پارتكوم مەخسۇس يولداش جياۋ يۈلۇ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 55 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، يولداش جياۋ يۈلۇنى چوڭقۇر ئەسلەپ، ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياد ئېتىپ، پۈتۈن ئۆلكىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جياۋ يۈلۇ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا ئىنچىكە سىڭىشتۈرۈش، ئۇنى سەممىي يولغا قويۇشقا قايتا چاقىرىق قىلدى.

جياۋ يۈلۇ، 1922 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زىبو شەھىرى بوشەن رايونى گۇشەن يېزىسى بېيگۇشەن كەنتىدە بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. ياپون قورچاق ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، جياۋ يۈلۇ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى قىيىنلاشقان. ئۇنىڭ دادىسى جياۋ فاڭيەن ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. جياۋ يۈلۇ ئىلگىرى كۆپ قېتىم ياپون باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ قاتتىق ئۇرۇلغان، تۈرمىگە تاشلانغان. كېيىن فۇشۇن كۆمۈركانىغا يالاپ ئاپىرىلىپ ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان. 1943 - يىلى كۈزدە، ئۇ ئاخىر يولۋاس ئېغىزىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، جياڭسۇ سۇچيەنگە بېرىپ پومېشچىككە يىللىقچى بولغان.

1945 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جياۋ يۈلۇ سۇچيەندىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ يۇرتى گەرچە ئازاد بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما كوممۇنىستىك پارتىيە ئالللىقاچان بۇ يەردە ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. جياۋ يۈلۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، خەلق ئەسكىرى بولغان ھەم بوشەن ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

1946 - يىلى 1 - ئايدا، جياۋ يۈلۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، رايونلۇق قوراللىق بۆلۈمدە خىزمەتكە قاتنىشىپ، خەلق ئەسكەرلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىن، شەندۇڭنىڭ بوخەي رايونىغا يۆتكىلىپ يەر ئىسلاھاتىنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان، گۇرۇپپا باشلىقى بولغان.

ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، جياۋ يۈلۇ ئارمىيەگە ئەگىشىپ شەندۇڭدىن ئايرىلىپ، خېنەنگە كېلىپ، ۋېيشى ناھىيەسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، 1951 - يىلغىچە ئىشلىگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇئاۋىن رايون باشلىقى، رايون باشلىقى، رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ياشلار ئىتتىپاقى ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كېيىن يەنە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ياشلار ئىتتىپاقى چېنلىيۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى جېڭجوۋ ۋىلايەتلىك كومىتېتىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، ياشلار ئىتتىپاقى ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، 2 - مۇئاۋىن شۇجى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1953 - يىلى 6 - ئايدا، جياۋ يۈلۇ لوياڭ كان ماشىنىلىرى ياساش زاۋۇتىغا كېلىپ سانائەت قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، سېخ مۇدىرى، بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1962 - يىلى 6 - ئايدا ۋېيشى ناھىيەسى ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا، جياۋ يۈلۇ لەنكاۋ ناھىيەسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ 2 - شۇجىسى، شۇجىسى بولغان.

لەنكاۋ ناھىيەسى خېنەننىڭ شەرقىدىكى خۇاڭخې قەدىمىي يولىغا جايلاشقان، قۇم - بوران، شورلۇق، ھۆلچىلىك ئاپىتى يەتكۈچە تارتقان كونا ئاپەت رايونى. جياۋ يۈلۇ لەنكاۋ تۇپرىقىغا قەدەم قويغان شۇ يىلى، بۇ رايون دەل ئۈدا ئۈچ يىل ئۇچرىغان تەبىئي ئاپەت بىر قەدەر ئېغىر بولغان بىر يىل ئىدى، پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى تۆۋەنلەپ تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ قالغانىدى. «باشقىلار چايناپ بەرگەن موماننىڭ تەمى بولمايدۇ.» جياۋ يۈلۇ لەنكاۋغا كەلگەن ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاستا خاراكتېرلىك جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، پۈتۈن ناھىيەدىكى 140 نەچچە دادۇينىڭ 120 نەچچىسىنى ئايلىنىپ چىققان.

پۈتۈن ناھىيەدىكى خەلقنى يېتەكلەپ قۇمنى قاشالاش، سۇنى تىزگىنلەش، تۇپراقنى ئۆزگەرتىش كۈردىشىدە، جياۋ يۈلۇ ئۆزى باشلامچى بولغان، ئۆزى ئۈلگە بولغان. قۇم - بوران ئەڭ كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتا، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن شامال ئېغىزىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، كۆچمە قۇمنى چارلىغان؛ يامغۇر قاتتىق ياغقان ۋاقىتتا، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن بېلىگىچە كېلىدىغان كەلكۈن سۈيىنى كېچىپ كەلكۈن سۈيىنىڭ ئېقىش ئەھۋالىنى كۆزەتكەن؛ قار - شۇۋرىغان يەر - جاھاننى قاپلىغان ۋاقىتتا، ئۇ كادىرلارنى باشلاپ نامراتلاردىن ھال سوراپ، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ ئاممىغا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇ ھەمىشە دېھقانلارنىڭ كەپىلىرىگە، كالا قوتانلىرىغا كىرگەن، دېھقانلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە بىللە بولغان. ئۇ ئاممىنىڭ تەبىئي ئاپەت بىلەن كۆرەش قىلىشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئاز - ئازدىن يىغىپ توپلاپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى خەلقنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلاندۇرغان، پۈتۈن ناھىيەدىكى خەلقنىڭ ئاپەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشتىكى كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندۇرغان.

جياۋ يۈلۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: كومپارتىيە ئەزالىرى ئامما ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتتا، ئامما ئالدىدا پەيدا بولۇشى كېرەك؛ ئامما ياردەمگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاممىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭ قەلبىگە پۈتۈن ناھىيەدىكى كادىرلار ۋە ئامما پۈكۈلگەن، پەقەت ئۆزىلا يوق ئىدى. ئۇ دائىم جىگىرى ئاغرىغاچقا بېلىنى رۇسلىيالمايتتى، ۋېلسىپىت مىنەلمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قولى ياكى قاتتىق نەرسىلەر بىلەن جىگىرى بار جايىنى بېسىپ، خىزمەت قىلىشنى، يېزىلارغا چۈشۈشنى تاكى مەجبۇرىي دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان.

1964 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جياۋ يۈلۇ جىگەر راكى سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلدى، شۇ يىلى ئاران 42 ياشتا ئىدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تەشكىلگە بىردىنبىر تەلەپ قويۇپ: «مېنى لەنكاۋغا ئاپىرىپ قۇم دۆۋىسىگە قويۇڭلار. ھايات ۋاقتىمدا مەن قۇم بارخانلىرىنى ياخشى تىزگىنلىيەلمىدىم، ئۆلگەندە بولسىمۇ سىلەرنىڭ قۇم بارخانلىرىنى تىزگىنلىگەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ تۇراي» دېگەن. 1966 - يىلى خېنەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يولداش جياۋ يۈلۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلدى. شۇ يىلى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى «ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى ـــ جياۋ يۈلۇ» ناملىق تەپسىلىي خەۋەرنى ئاڭلىتىپ، تارقىتىپ، جياۋ يۈلۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتە جياۋ يۈلۇدىن ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالدى، جياۋ يۈلۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

جياۋ يۈلۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلار لەنكاۋدا كۈچ ئۈلاپ كۆرەش قىلىپ، جياۋ يۈلۇنىڭ قۇم بارخانلىرىنى ياخشى تىزگىنلەش ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ زېمىندا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 2017 - يىلى 3 - ئايدا، لەنكاۋ خېنەن ئۆلكىسى بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا «نامراتلىق قالپىقى»نى چۆرۈپ تاشلىغان تۇنجى ناھىيە بولۇپ قالدى، جياۋ يۈلۇ ئەينى يىلى كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ تىككەن پاۋلونىيە دەرەخلىرىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان چالغۇ، ئۆي جاھازلىرى قاتارلىقلار يەنە لەنكاۋنىڭ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم كەسپكە ئايلاندى.

«بىر تامچە سۇدىمۇ ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ پۈتكۈل سۇ رايونىغا تارقىلالايدۇ.» بۈگۈنكى لەنكاۋدا ئاممىنىڭ كىرىمى سىجىل ئاشتى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى، ئىلگىرى قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن سىرتقا قاچىدىغان لەنكاۋلىقلار ھازىر تېز سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان، ساياھەتكە بارىدىغان بولدى، بارغانسېرى كۆپ باشقا يەرلىكلەر لەنكاۋغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشكە باشلىدى.

جياۋ يۈلۇ كېيىنكىلەرگە تۈگىمەس مەنىۋى بايلىق قالدۇردى، ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشى ئائىلە ئىستىلى قالدۇردى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز خىزمەت ئورنىدا جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ 60 نەچچە ياشلىق ئىككىنچى قىزى جياۋ شۇۋيۈن پۈتۈن زېھنىنى دادىسىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەشكە قاراتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جياۋ يۈلۇ روھىنى ياخشى تەشۋىق قىلىش دادامنى ئەڭ ياخشى ياد ئېتىشتۇر».

پۇقرالارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان كىشىنىڭ جىسمى ئۆلسىمۇ، روھى يەنىلا ھايات تۇرىدۇ. جياۋ يۈلۇدىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بۇ ئىسىم خۇددى بىر ئابىدىگە ئوخشاش لەنكاۋدا قەد كۆتۈردى، جۇڭگو زېمىنىدا قەد كۆتۈردى، مىليونلىغان پۇقرانىڭ قەلبىدە قەد كۆتۈردى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى)



جياۋ يۈلۇنىڭ ماتېرىيال سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)